# 109199 ـ كاپىر خوشنىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىش كېرەكمۇ؟

**سۇئال**

خوشنام كاپىر، ئۇنىڭ مەندىن تەلەپ قىلغان ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشىم توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ ئىش سىز ياشاۋاتقان يۇرتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەگەر ئۇ يەردە خوشنىلارئۆز ـ ئارا ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشىدىغان ئادەت بولسا، مىسالغا ئالساق: بىرسى بازارغا بارماقچى بولسا، خوشنىسى ئۇنىڭغا: ماڭا بازاردىن مۇنداق ـ مۇنداق نەرسە ئالغاچ كېلىڭ دەپ تەلەپ قىلسا، گەرچە خوشنىسى كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئالغاچ كەلسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ خوشنىنى ھۆرمەتلەشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوشنىدارچىلىق ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى، خوشنىسىنى ھۆرمەت قىلسۇن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ بىرقىسمى].

ئەمما مەزكۇر يۇرتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە خوشنىلار ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىدىغان ياكى ياردەملىشىدىغان ئىشلار بولمىسا، بۇ ۋاقىتتا ئىشنىڭ يۈلىنىشىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك. پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين پەتىۋالىرىدىن ئېلىندى.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.